دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر — 2

# ئېگىلىك باشقۇرۇش پىرى

# ياكوكا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

دۇنيادىكى مەشھۇر پەلسەپە ھەققىدە ھېكايىلەر

# ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرى

# ياكوكا

ئاپتورى : جيەن خۇي

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەركىن تۆمۈر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

管理大师 - 亚科卡：维吾尔文/建辉编著；艾尔肯·铁木尔译. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2000.3 （2009.4 重印）
（世纪人物传记故事丛书·第2集/刘俊峰主编）
ISBN 978-7-228-05586-9

Ⅰ.管... Ⅱ.①亚... ②艾... Ⅲ. 亚... 生平事迹 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I25

中国版本图书馆 CIP 数据核字(1999)第76825号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 艾克巴尔·艾力 |
| 责任校对 | 赛娜瓦尔，扎米拉 |
| 特约校对 | 阿依古丽·亚森 |
| 封面设计 | 祖力喀尔装帧 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　编 | 830001 |
| 电　话 | 0991-2827472 |
| 印　刷 | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| 经　销 | 各地新华书店 |
| 开　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　张 | 4.5 |
| 版　次 | 2000年3月第1版 |
| 印　次 | 2009年4月第2次印刷 |
| 印　数 | 4001 - 7000 |
| 总定价 | 80.00 元 |
| 单　价 | 8.00 元 |

بۇ كىتاب بېيجىڭ كۈتۈپخانا نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京图书馆出版社1997年1月第1版，1997年1月第1次印刷本翻译出版。

دۇنيادىكى مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر ــ 2

**ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرى ــ ياكوكا**

---

**ئاپتورى:** جيەن خۇي
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئەركىن تۇمۇر
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەكبەر ئەلى
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم، زەمىرە پىدائى
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ئايگۈل ياسىن
**مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى:** زۇلقەر لايىھىچىلىكى
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**تېلېفون:** 0991 ـ 2827472
**باسقۇچى:** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلار
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 4.5
**نەشرى:** 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 4001 − 7000
**كىتاب** نومۇرى: ISBN 978 − 7 − 228 − 05586 − 9
**ئومۇمىي باھاسى:** 80.00 يۈەن
**يەككە باھاسى:** 8.00 يۈەن

---

# كىرىش سۆز

ئامېرىكىغا ئوخشاش شەخسىي پىداكارلىق ۋە ئەركىن رىقابەت قەدىرلىنىدىغان ئەلدە لي. ياكوكانىڭ رىۋايەت خاراكتېرلىك شەخس ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ. پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارى، قالتىس جاسارىتى ۋە پەم ـ پاراسىتى، شۇنداقلا قەتئىي، ئېھتىياتچان خىزمەت پوزىتسىيىسى ئۇنى بىر دەۋرنىڭ مەشھۇر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى پىر ـ ئۇستازىغا ئايلاندۇرغان.

ياكوكا فورد ئاپتوموبىل شىركىتىدە خىزمەت قىلغاندا شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتتى، ئۆزگىچە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى بەرپا قىلدى. بىرمەھەل ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن تۇلپار ماركىلىق ئاپتوموبىلنى ئىجاد قىلىپ، «تۇلپار ئاپتوموبىلىنىڭ پېشۋاسى» دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ فورد شىركىتىنىڭ «ئامېرىكا يولۋىسى»، مارك Ⅲ تىپلىق ۋە شادىيانە ماركىلىق ئاپتوموبىللىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىشتا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى، شىركەت قۇرۇلۇپ بىر يىلدا تارىختىكى ئەڭ كۆپ پايدا ئېلىشتا، رېكورت ياراتتى. فورد شىركىتىنىڭ 60 — 70 ـ يىللاردىكى شۆھرىتىنى ياكوكانىڭ ئەجرىدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، مۇستەبىت ھېنرى فورد يەنىلا ئۇنى خىزمەتتىن بوشىتىۋەتتى. خىرسلېر شىركىتىگە بارغاندىن كېيىن، ياكوكا يەنە قۇتقۇزغۇچى رولىنى ئوينىدى. جاپالىق ئەجىر سىڭدۇرۇپ، خىرسلېر شىركىتىگە قارىتا چوڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئېلىپ باردى ھەمدە ئاۋام پالاتاغا قاتراپ يۈرۈپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن ياردەم سورىدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە، خىرسلېر شىركىتىنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

قالغان مۇشكۇل ئەھۋالى تېزدىن ئۆزگىرىپ، ۋەيران بولۇش خەۋپىدىن ئۆزۈل - كېسەل قۇتۇلۇپلا قالماي، بەلكى بۇ شىركەتنىڭ تارىخىدا ئەڭ شانلىق نەتىجە يارىتىلدى. بۇ تەرەپلەردىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ رەھبەرلىك سەنئىتى ۋە باشقۇرۇش ئىقتىدارى ئۆزگىچە ئىدى، كىشىلەرنىڭ ئۇنى «ئىگىلىك باشقۇرۇش پىرى» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

ياكوكانىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى باشقا بىر گەپ، ئەمما بىز ئۇنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلى، جاسارەت ۋە پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز. ياكوكانىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، بەزى ئىشلارنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

ياكوكانى دەۋرىمىزدىكى گىگانت ئادەم دېيىشكە بولىدۇ. ياكوكادىن ئۆگىنىشتە، ئەڭ مۇھىمى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ھەرقانداق ئىشنى پۇختا، ئەستايىدىل قىلىدىغان ئادىتىدىن باشلاش كېرەك.

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب بالىلىق چاغلىرى ......................1
ئىككىنچى باب كۆزگە كۆرۈنۈش .....................12
ئۈچىنچى باب ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىش ..............23
تۆتىنچى باب يۇقىرى پەللىگە يېتىش ..............37
بەشىنچى باب يۈكسەك تەپەككۇر ....................48
ئالتىنچى باب ھەسرەت ئىچىدە خوشلىشىش ..........61
يەتتىنچى باب جەڭگە ئاتلىنىش .....................71
سەككىزىنچى باب قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا ...........82
توققۇزىنچى باب ھۆكۈمەتتىن ياردەم سوراش ............94
ئونىنچى باب خەتەر ئىچىدىن يول تېپىش ...........106
ئون بىرىنچى باب قىيىن كۈنلەردە بىللە بولۇش .........118
ئون ئىككىنچى باب ئاخىر نەتىجىگە ئېرىشىش ............129

# بىرىنچى باب  باللىق چاغلىرى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئامېرىكا پۇرسەتكە تولغان دۆلەت ئىدى. ئۇ يەرگە بارغانلار بېيىش ئارزۇسىغا يېتەلەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئاچقۇچلۇق مەسىلە تىرىشىپ كۈرەش قىلىشتا ئىدى. ئامېرىكىنىڭ پايانسىز زېمىنى ۋە مول بايلىقى ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشىغا قاراشلىق ئىدى. شۇڭا، پۈتۈن دۇنيادىكىلەر، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلار ئامېرىكىغا قاراپ ئاققىلى تۇردى. ئەنگلىيىنىڭ «مايگۈلى» ناملىق پاراخوتى ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا يول ئاچقاندىن بۇيان، ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

1902 ـ يىلى 12 ياشلىق نىكولا ياكوكا بېيىش پۇرسىتى ئىزدەپ، دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە ئىتالىيىدىن ئامېرىكىغا كەلدى. بۇ يەردە ھال ـ ئوقەتى ياخشىلىنىپ، 1921 ـ يىلى ئىتالىيىدىكى ئاپىسى ۋە خوتۇننى ئامېرىكىغا ئەكەلدى. ئايلىندوندا بىر رېستوران، بىر ئاپتوموبىل ئىجارىگە بېرىش ئورنى، ئىككى كىنوخانا ئېچىپ، شۇ يەردە يىلتىز تارتىپ قالدى.

1924 ـ يىلى 15 ـ ئۆكتەبىر نىكولانىڭ ئىككىنچى پەرزەنتى لى. ياكوكا تۇغۇلدى. بۇ چاغدا نىكولا ئامېرىكا پۇقراسىغا ئايلانغانىدى. باشقۇرۇشى جايىدا بولغاچقا، كارخانىسىدىنمۇ ئوبدانلا پۇل تاپتى. ئەقىللىق ۋە چىرايلىق قىزى دېلماردىن كېيىن ئوماق بىر ئوغۇلنىڭ تۇغۇلغىنىغا نىكولا بىلەن خوتۇنى قانداقمۇ خۇشال بولمىسۇن؟ بۇ تۆتەيلەن شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئائىلىۋى بەختنىڭ ھۇزۇرىنى سۈردى. ياكوكانىڭ چوڭ بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى دۇنيادىكى ئىشلارنى

تونۇپ يېتىشكە، ئۆز ئالدىغا كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىدى. مۇنداق قىلىش ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ كۈرەش قىلىشى بىلەن مەنسەپ ئابرۇيى ئۆسكەن ئادەمگە ئالقىش ياغدۇراتتى. شۇڭا، نىكولا ئوغلى چوڭ بولغاندا بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

ياكوكا بالىلىق چېغىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى. ئەسلىدە ئۇ غەم ـ قايغۇسىز چوڭ بولۇۋاتاتتى. لېكىن، ئامېرىكا ئىقتىسادىدىكى چوڭ كاساتچىلىق دادىسىنىڭ كارخانىسىغا تەسىر يەتكۈزدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان تاپقان پۇلى بىر كېچىدىلا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ قېلىپ، ئائىلىسى بىر مەزگىل غورىگىل تۇرمۇش كەچۈردى. ئەمما، ئۇنىڭ دادىسى ئۈمىدۋار ئادەم ئىدى. ھەمىشە ئائىلىسىدىكىلەرنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بەزىدە ئۆرلەپ بەزىدە پەسىيىپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە، مۇشكۇللۇقتا قالغاندا بەل قويۇۋەتمەسلىككە ئىلھاملاندۇرۇپ، «تۇرمۇشتا كۆڭۈلسىز ئىشلار ھامان بولۇپ تۇرىدۇ. مۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلار بولمىسا، نېمىنىڭ بەخت ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تۈردە چۈشەنگىلى بولمايدۇ» دەيتتى. ياكوكا ھەر قېتىم كۆڭۈلسىزلىككە يولۇققاندا دادىسى: «قۇياش يەنىلا كۆتۈرۈلىدۇ، ئوخشاشلا پارلايدۇ» دەيتتى. ياكوكاغا گەرچە كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ ناھايىتى ياخشى تەربىيە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما دادىسى بەرگەن كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدىكى بىرىنچى دەرسلىك كېيىنكى ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتتى.

نىكولاينىڭ ئىقتىسادىي چوڭ كاساتچىلىق دەۋرىدە ۋەيران بولۇشقا تاس قالغانلىقى ئۇنىڭ مەخسۇس تەربىيە ئالمىغانلىقى، «ئىقتىسادىي چوڭ كاساتچىلىق»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىن بولغانىدى، بولمىسا ئۇ بىر كارخانىنى يەنە بىر كارخانا ئۈچۈن گۆرۈگە قويمىغان بولاتتى. شۇڭا، ئۇ كەلگۈسىدە ئۆزىگە ئوخشاش دەرد تارتىپ قالمىسۇن دەپ،

ئوغلىنى ئەڭ ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئوغلى ياكوكانىڭ كەلگۈسىدە داڭلىق كارخانىچى بولۇپ قېلىشىغا قەتئىي ئىشىنەتتى.

ياكوكا ئالتە يېشىدىلا مەكتەپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلدى. بالا ۋاقتىدىكى ياكوكا باشقا بالىلارغا ئوخشاش ھېچنېمىنى بىلمەيتتى، سەبىي، كۆلكىلىك ئىدى، ھەممە نەرسىگە قىزىقىش بىلەن قارايتتى. مەكتەپتىمۇ ئەركە، شوخ ئىدى. ئۇنىڭدا ئادەتتىكى بالىلارغا خاس ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. لېكىن، ئۇ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، باشقىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان تەرەپلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ زېرەك ئىدى، سىنىپ بويىچە دائىم ئالدىنقى قاتاردىكى ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ بىرى بولاتتى، ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئۆگىنىشكە تەسىر يەتكۈزمەيتتى، نەتىجىسى مۇقىم ھالدا ئۆرلەپ باراتتى. دادىسى بۇ ئىشتىن خۇشاللىققا چۆمۈپ، ئوغلىدىن مەمنۇن بولاتتى.

بۇ چاغلاردا نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلاردا ئىرقىي كەمسىتىش يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئۆزلىرىنى ساپ ئامېرىكا نەسلىدىن دەپ قارايدىغانلار نېگىرلارنى كەمسىتىپلا قالماي، ئىتالىيانلارنىمۇ كەمسىتەتتى. ياكوكا بۇ دەردنى كۆپ تارتتى، چۈنكى ساۋاقداشلىرى ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى، چەتكە قاقاتتى ھەتتا ئايرىم ئوقۇتقۇچىلارمۇ بەزىدە ئۇنىڭغا ھاقارەتلىك لەقەملەرنى قوياتتى. سەبىي ياكوكا بۇ ئىشنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمەي، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاپ قوياتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالتىنچى سىنىپىدا ئوقۇۋاتقاندا، ياكوكا ئىزچىللار كىچىك ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىنى تالىشىش رىقابىتىگە چۈشۈش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. جەزمەن ئۇتۇپ چىقىمەن دەپ قارىغانىدى. لېكىن، سىنىپتىكى بېلەت تاشلاش نەتىجىسى بويىچە ئۇ 22 بېلەتكە قارشى 20 بېلەت بىلەن يەنە بىر بالىغا

ئۇتتۇرۇپ قويدى. ئەسلىدە بۇ ئىشتا ھىيلە ئىشلىتىلگەنىدى. سىنىپتا 38 ئوقۇغۇچى تۇرسا، تاشلانغان بىلەت قانداقمۇ 42 بولسۇن! غەزەپكە كەلگەن ياكوكا دەرھال ئوقۇتقۇچىغا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ، باشقىدىن سايلاش تەلىپىنى قويدى. ئوقۇتقۇچى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ياكوكاغا نارازى بولۇپ: «بولدى قىل، ياكوكا» دەپ بۇ ئىشنى باستۇرۇۋەتتى. بۇ ئىش سەۋەبىي ياكوكاغا قاتتىق تەسىر قىلدى ۋە ياكوكانى جەمئىيەتتە ئادالەتسىزلىكلەر بولۇپ تۇرىدىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى تۇنجى دەرسلىك بولۇپ قالدى.

بەختىگە يارىشا، باشقا نۇرغۇن تەرەپلەردە ياكوكا بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ زېرەك ۋە ئىجتىھاتلىق بولغاچقا، كۆپلىگەن ئوقۇتقۇچىلار ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. يېقىن كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە، دائىم ئۇنىڭغا ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلدۇراتتى. ئىنتايىن ياخشى مەكتەپ تەربىيىسى ياكوكانى ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇ ھامان ئالدىنقى قاتاردا ئىدى، مەكتەپنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ تۇراتتى.

مەكتەپتە ياكوكا ئۆگىنىۋالغان ئەڭ مۇھىم نەرسە ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى قانداق ئىپادىلەش بولدى. توققۇزىنچى سىنىپقا چىققاندا، ئوقۇتقۇچىسى رابېل خېنىم ئوقۇغۇچىلارغا ھەر ھەپتىدە 500 خەتلىك ماقالە يېزىش تاپشۇرۇقى بېرىدىغان بولدى. دەسلەپتە، ياكوكا بۇ ئىشتىن بىزار بولغانىدى. لېكىن، ئاخىرىغا كەلگەندە، مۇنداق مەجبۇرىي تاپشۇرۇقنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، ياكوكا ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى يېزىق شەكلىدە ئىپادىلەشنى ئۆگىنىۋالدى.

كېيىن رابېل خېنىم ئوقۇغۇچىلارنى نۇتۇق سۆزلەش مەشقى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. ياكوكا دەسلەپتە بەكمۇ قورقۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۇنلۇك سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا قورقۇنچنى تۈگىتىپ،



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

نۇتۇق سۆزلەشكە ماھىر بولۇپ قالدى. كېيىن بىر مۇنازىرە كۆرۈپپىسىغا قاتنىشىپ، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگەندى، نۇتۇق سۆزلەش ماھارىتىنىمۇ ئۆستۇردى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ فورد شىركىتى ۋە خىرىسلېر شىركەتلىرىدە چاقىلداپ نۇتۇق سۆزلىگەنلىرىدە، ئاشۇ چاغلىرىنى، ھۆرمەتلىك رابېل خېنىمنى ئەسكە ئالماي قالمىدى.

كۇتۇلمىگەندە، ياكوكا مۇشۇنداق ۋاقىتتا رېماتىزم كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ كېسەلدىن بەكلا قورققانىدى، چۇنكى ئۇ چاغلاردا رېماتىزم كېسىلىگىمۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتەتتى. شۇڭا، مىدىرلىماي يېتىپ، كېسىلىنى ئەستايىدىل داۋالىتىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ چاغدىكى داۋالاش ئۇسۇلى: قېيىن قوۋزىقىدا ئىشلەنگەن كۆمىلاچ دورىنى 15 مىنۇتتا بىر قېتىمدىن ئىچىش ۋە پۇتۇن بەدىنىگە يادۇب يېغىغا چىلانغان پاختا ئوراپ، تىز، ئوشۇق، جەينەك ۋە بېغىش ئۇگىلىرىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىش ئىدى. مۇنداق داۋالاش ئادەمنى بەكمۇ ئازابقا سالاتتى. ئۇ ئالتە ئاي يېتىپ، بەدەن ئېغىرلىقى 40 قاداق يېنىكلىگەندىن كېيىن، ئاخىر سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى.

ياكوكا بېيسبولنى ئوبدانلا ئوينايتتى، ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇستازىمۇ بار ئىدى، بىرىنچى قاتاردىكى بېيسبول مۇسابىقە بىرلەشمىسىگە قاتنىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بىراق، ئۇنىڭ كېسىلى ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. نەتىجىدە ئۇ تەنتەربىيە ھەرىكىتىدىن قول ئۈزۈپ، شاھمات، بىرىدژ، قارتا ئويناشقا باشلىدى. بۇلار مېڭىنى قانداق ئىشلىتىش، ئۇستۇنلۇكتىن قانداق پايدىلىنىش، مۇشكۇللۇكتىن قانداق قۇتۇلۇش، قانداق ھەيۋە كۆرسىتىشنى ئۆگىنىدىغان ئويۇنلار ئىدى. ياكوكا كېيىن ئۇچرىغان ھەر خىل سۆھبەتلەردە بۇ ئويۇنلارنىڭ ياردىمى زور بولدى.

ئوتتۇرا مەكتەپتە ياكوكانىڭ قىزىقىش ۋە ھەۋەسلىرى بەكمۇ كەڭ بولدى. ئۇ تىياتىر كۇلۇبى ۋە مۇنازىرە جەمئىيىتىنىڭ

ئاكتىپ قاتناشچىلىرىدىن ئىدى. كېيىن سۇ ئۈزۈش ئەترىتىنىڭ هەيئىتى بولدى. يەتتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقاندا جاز مۇزىكىسى ۋە تولغىما ئۇسسۇلغا بېرىلىپ كېتىپ، ئوتتۇرا ئاۋازلىق ساكسفون چېلىشقا باشلىدى هەتتا مەكتەپ مۇزىكا ئەترىتىدە يۇقىرى ئاۋازلىق مىزگان چېلىشقا تەكلىپ قىلىندى. سەككىزىنچى سىنىپقا چىققاندا سىنىپ باشلىقى سايلاش رىقابىتىگە چۈشۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. توققۇزىنچى سىنىپقا چىققاندا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسىنى سايلاش رىقابىتىگە چۈشۈپ، پۇتۇنلەي غەلىبە قىلدى. لېكىن، ئۇ سايلىغۇچىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئىككىنچى مەۋسۇمدا سايلانماي قالدى، بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر زەربە بولدى.

ياكوكا دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەلا نەتىجە بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆرلىدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ هاياتى گۈزەل ۋە مۇكەممەل ئىدى. ئەمما، ياپونىيىنىڭ پېورل ـ خاربورغا تۇيۇقسىز هۇجۇم قىلىشى بۇ ياشنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى بۇزۇپ تاشلىدى. زورۇۋېلىت زۇڭتۇڭ نۇتۇق سۆزلەپ، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئامېرىكا خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە ئورتاق غەزەپ ياغدۇردى. ياكوكا بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن هەربىيلىككە تىزىملىتىپ، ئامېرىكا ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا بەل باغلىدى. ساۋاقداشلىرى هەربىي سەپكە كىردى، بەزىلىرى هەتتا جەڭدە قۇربان بولدى. ئەمما، ياكوكا رېماتىزم كېسىلى بولغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا ئائىلىسىدە تۇرۇپ قالدى.

بەلكىم بۇمۇ ياكوكانىڭ تەلىيىدۇ. ئەگەر كېسەلگە گىرىپتار بولمىغان بولسا، تىنچ ئوكيانىنىڭ قاقاس ئاراللىرىنىڭ بىرىدە ياكى فرانسىيىنىڭ نورماندىي دېڭىز ساھىلىدىكى جەڭلەردە

ئۆلگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆپى جەڭدە ئۆلدى، ئۇ بولسا ھايات ئىدى. ئەمما، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن خۇشال بولۇپ كەتمىدى. بۇ ئامېرىكىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەۋجىگە چىققان چاغلار بولغاچقا، ئوت يۈرەك ياش ياكوكا ئۆزىنىڭ جەڭگە قاتناشمىغانلىقىنى نومۇس دەپ بىلەتتى. مۇشۇنداق روھىي كەيپىياتنىڭ تۈرتكىسىدە ياكوكا ئۆزى قىلىدىغان بىرلا ئىش قالغانلىقىنى، ئۇ بولسىمۇ قېتىرقىنىپ ئوقۇش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاخىر ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىپ مۇكەممەل بىلىم ئېلىش قارارىغا كەلدى.

ياكوكا قۇرۇلۇش ئىلمىگە ئىنتايىن قىزىقاتتى. شۇڭا، ئامېرىكىدىكى قۇرۇلۇش ئىلمى بويىچە ئەڭ ياخشى ئۇنىۋېرسىتېت — پېردۇئې ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئىلتىماس سۇندى، ئەمما تەستىقلانمىدى. ئاخىر ئۇ ئائىلىسىگە يېقىن بولغان پېنسىلۋانىيە شتاتىنىڭ بىرلىخېن شەھىرىدىكى لېھارت ئۇنىۋېرسىتېتىنى تاللىدى.

ئامېرىكىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇش نەتىجىسىگە بەكمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇلاتتى. ئوقۇغۇچىنىڭ ئوتتۇرىچە نومۇرى دېگەندەك يۇقىرى بولمىسا، مەكتەپ ئۇنى سىلىق سۆزلەر بىلەن ئوقۇشتىن چېكىندۇرۇۋېتەتتى. مۇشۇنداق مۇھىتتا، ياكوكا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنىش ھەمدە باشتىن - ئاخىر بەل قويۇۋەتمەسلىك لازىملىقىنى چۈشەندى ھەم مۇنداق قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى: دۈشەنبە كۈندىن جۈمە كۈنگىچە باش كۆتۈرمەي ئۆگىنەتتى، جۈمە كۈنى كەچتىن تارتىپ يەكشەنبە كۈنگىچە ھېچنېمە ئۆگەنمەي پۇخادىن چىققۇچە كۆڭۈل ئاچاتتى ياكى دەم ئالاتتى، يەكشەنبە كۈنى كەچتە ئەس - ھوشىنى يىغىپ، كېلەر ھەپتىدە قىلىدىغان ئىشلارنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى يېزىپ چىقاتتى.

لېھارت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆگىنىۋالغان يەنە بىر تەجرىبىسى، ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىمەن دەيدىكەن، قايسى

ئىشىنىڭ مۇھىملىقىنى ئايرىۋېلىپ، ئاندىن پۈتۈن كۈچى بىلەن شۇنى ئىشلەش ئىدى. ياكوكانىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىشلىرى بەكمۇ گەۋدىلىك بولغاندى ھەتتا ئۇ كېيىن شىركەت دىرېكتورى بولغاندىمۇ مۇشۇنداق قىلدى. ھەر كۈنى بىر ئىشنى قىلىشتىن ئىلگىرى تولۇق تەييارلىق قىلاتتى، ئەرزىمەس دېيىلگەن تەييارلىقلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايتتى.

ئۇنىۋېرسىتېتتا ياكوكا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنىشكىلا تايىنىپ قالمىدى. ھەربىي سەپكە قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار كۆپەيگەنسېرى، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار شۇنچە ئازىيىپ كەتتى. 50 ئوقۇغۇچى بار سىنىپتا ئاخىر بەشلا ئوقۇغۇچى قالدى. بۇنىڭ بىلەن ياكوكانىڭ مەكتەپتە ئېلىۋاتقان تەلىمى مەخسۇس ئۇنىڭ ئۈچۈنلا بېرىلىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى. نۇرغۇن پروفېسسورلار بەش ـ ئالتە ئوقۇغۇچىغا دەرس ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ياكوكادىن بىرقانچە سوئال سورايتتى ياكى ئۇنىڭ بىرقانچە قىيىن مەسىلىگە جاۋاب تېپىشىغا ياردەم قىلاتتى. 50 ئوقۇغۇچى بار سىنىپتا مۇنداق قىلغىلى بولمايتتى، بۇمۇ ياكوكانىڭ تەلىيى ئىدى.

ياكوكانىڭ ئۆگىنىشىدە دادىسىنىڭ بېسىمىمۇ ھەربىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى. كۆچمەنلەر ئائىلىسىدە مۇنداق بېسىم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. دادىسى ئىقتىسادىي كاساتچىلىقنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرگەن زىيىنىنى ئۇنتۇماي، ئوغلىنىڭ ياخشى ئۆگىنىپ ئۆزى ئالالمىغان تەربىيىنى تولۇقلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ياكوكا ئىنتايىن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، پۈتۈن زېھنىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى. بەزى ئوقۇغۇچىلاردەك ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتمىدى، ۋاقتىنى ئىسراپ قىلمىدى. سەككىز مەۋسۇمنى ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇپ، لېھارت ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە داڭ چىقاردى.

ياكوكا ئەمدى كەسىپ تاللاش مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. ئۇ

كىچىكىدىنلا دادىسىنىڭ ئاپتوموبىل ئىجارىگە بېرىش ئورنىدا ئويناپ چوڭ بولغاچقا، ئاپتوموبىل كەسپىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىسازلىق قۇرۇلۇشى كەسپىنى ئوقۇدى، شۇڭا ئاپتوموبىل ساھەسىدە خىزمەت قىلسا بەكمۇ مۇۋاپىق كېلەتتى. ئۇنىڭ فورد ئاپتوموبىل شىركىتىدە خىزمەت قىلغۇسى بار ئىدى. فورد شىركىتى شۇ چاغدىكى ئامېرىكىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ ئاپتوموبىل شىركىتى، شۇنداقلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ شىركەت ئىدى.

ياكوكا فورد شىركىتىنىڭ ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىش ئەمەلدارى لېئاندىر خاملتون ماك كورمىك — گوئودخارت بىلەن كۆرۈشتى. ماك كورمىك — گوئود خارتنىڭ تەكلىپ قىلىش ئۇسۇلى غەلىتە ئىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 50 ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ھەربىرىدىن بىردىن ئوقۇغۇچىنى تاللىۋالاتتى. ھەرقانچە ياخشى ئۇنىۋېرسىتېت بولسىمۇ بىرلا سان بېرىلگەچكە، رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولاتتى. ياكوكا ئۆزىنىڭ تاللانماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ياكوكانىڭ لېھارت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەنلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايتتى، شۇڭا ماك كورمىك — گوئودخارت قىلچە ئىككىلەنمەي ئۇنى تاللىدى.

ياكوكا خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ بىر ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدى. پرونستون ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا ئاسپىرانتلىقتىن بىر سان بەرگەنىكەن. بۇ مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېت ئىدى، شۇڭا ياكوكا دەرھال ئىلتىماس سۇندى. چۈنكى، ئۇ ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ماگىستىر دېگەن گەپ قوشۇلسىكەن دەپ ئارزۇ قىلاتتى. نەتىجىدە پرونستون ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا كۆپ مىقداردا ئوقۇش پۇلى بېرىپ ئۇنى قارشى ئالدى. لېكىن، ياكوكا فورد شىركىتىگە كىرىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقىمۇ ئانچە قىيمايتتى. چۈنكى، بۇ شىركەتكە كىرىش ئۇنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى ئىدى. ماك

كورمىك — گوئودخارت ياكوكاغا ماگىستىرلىقنى ئەكەلگۈچە ئورنىنى ساقلاپ قويۇشقا ۋەدە بەردى. بۇ ياكوكا ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى، شۇڭا ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، پرونستون ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا يۈرۈپ كەتتى.

پرونستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆگىنىش مۇھىتى ئىنتايىن ياخشى ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ يەردە ياكوكا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۆگىنىشكە بېشىچە كىرىپ كەتمىدى، ئۆزىنى توختىتىپ ئەتراپلىق ئۆگەندى. سىياسەت ئىلمى ۋە سۇلياۋ ماتېرىيال ئىلىملىرىنى قوشۇمچە ئۆگەندى. ئۇرۇش تۈپەيلى پرونستون ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار نىسبىتىدە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن پايدىلىق ھالەت شەكىللەنگەندى. بىر سىنىپتا تۆتلا ئوقۇغۇچى دەرس ئاڭلايتتى، دۇنياغا تونۇلغان قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسلىرى دەرس ئۆتەتتى. كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغىنى، ياكوكا بۇ يەردە ئۇلۇغ ئېينشتېيىننىڭ دەرسىنى ئاڭلىيالايتتى، ئاپئاق چاچلىق بۇ بوۋاينىڭ ئۆزى يالغۇز مەيداندا ئايلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

مەكتەپ ياكوكاغا مەكتەپ پۈتكۈزۈش دىسسېرتاتسىيىسى ياقلاشقا ئۈچ مەۋسۇملۇق مۆھلەت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ فورد شىركىتىگە بېرىپ خىزمەت قىلىشقا ئالدىرىغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى مەۋسۇمدىلا دىسسېرتاتسىيىنى ياقلاپ بولدى. ھەر خىل تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن دىسسېرتاتسىيە ماقۇللۇقتىن ئۆتتى. ياكوكا ماگىستىرلىق تونىنى كىيىپ پرونستون ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چىقتى، يەنى مەكتەپتىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلدى.

مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ياكوكا تاقەتسىزلىك بىلەن ماك كورمىك — گوئودخارتنى ئىزدىدى. ئۇ ھەربىي سەپكە كەتكەنىكەن. فورد شىركىتىدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم ياكوكانى تونۇمايتتى. قارىماققا فورد شىركىتىدە خىزمەت قىلىش يوققا



此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com